# سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، تۈزىتىشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىندا، چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت بەنزىسىگە ۋاكالىتەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى ھەم باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى، دائىمىي كومىتېت بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى بىر - بىرلەپ ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى. كۆپچىلىك ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە تەتبىقلاش، خىزمەتكە تەتبىقلاش، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، سەممىي بولۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى كەسكىن، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى توغرا تېپىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى.

چېن چۈەنگو خۇلاسە سۆزىدە مۇنداق تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ تۈزىتىش تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي قەرەلىدە تاماملاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭ ئىرادە، تېخىمۇ زور سالماق، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، يېزا - كەنتلەر جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇپ، ھەرقايسى تارماقلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر نامراتلىقنى يوقىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن جەڭ قىلىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھەم جەڭ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش مېخانىزمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بايلىقى ۋە كۈچىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە مايىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قىيىن مەسىلىنى قەتئىي ھەل قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئالدىدا دەل جايىدا بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قېپقالغان نامرات نوپۇسقا قارىتا ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولغانلارغا قارىتا كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، نامرات نوپۇسنى قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، قاتتىق، ئەمەلىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. «قايتا قاراپ چىقىش»تا قايتىما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەر بىلەن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ كۆزىتىلگەن مەسىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشتا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا، مەسىلىنى تۈزىتىش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىنى تۈزىتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى كۈزىتىش - ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ھەققەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، داۋاملىق مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىققان ناھىيە، كەنت، نوپۇسقا قارىتا، ھازىرقى ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاپ، قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە نامراتلارنى يۆلەش كۈچىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ياردەم بېرىش - يۆلەش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى ساقلاش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، ئەمەلىيەت ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسى ۋە خىزمەت سىستېمىسىنىڭ تېپىنى سىلىق ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەيدىغان تۈزۈلمە مېخانىزمنى ئورنىتىش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جېڭۋېي گۇرۇھىنىڭ تۆۋەن ئوكسىگېنلىق پارقىراق مىس تاياقچىسى ۋە ئىنچىكە مىس سىم، چىڭگۇاڭ بىيو تېخنىكا شىركىتىنىڭ تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەردىن ئۇنىۋېرسال ئايرىۋېلىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ ئىچىدە ساقلاش، پىششىقلاش، سودا، يىغىش - تەقسىملەش مەركىزى قاتارلىق يەتتە تۈر سىناق تەرىقىسىدە يۈرۈشتۈرۈلگەن ياكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن؛ شىنتې ئېنېرگىيەسىنىڭ ئىچكى تورىنى ئۆزگەرتىپ ياساپ توپلاشتۇرۇپ قوللىنىش، جىڭشو سىركونىي ئاساسىي يېڭى ماتېرىيال شىركىتىنىڭ يېشىل ئايلانما ھۈنەر - سەنئىتىنى كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى، ۋەنجيا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە خورىما ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ئون تۈردە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ؛ گۇاڭخۇينىڭ مۇھىت ئاسراش بويىچە تۈزانلىق كۆمۈر گازىدىن 400 مىڭ تونىنا ئېتىلېن گىلىكول ياساش، خېڭيۇۋ ئېنېرگىيەسى خىمىيە سانائىتى پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 700 مىڭ تونىنا مېتىل ئالكوگول، يېنىك كاربون گىدرىدتىن پولىپروپىلېن ياساش، تارىم ئېتاندىن ئېتىلېن ياساش، زىجىن سىنكچىلىكى چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 100 مىڭ تونىنا سىنك تاۋلاش قاتارلىق 23 تۈردە توپا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ.

يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان ۋە نۇقتىلىق ئالغا سىلجىتىلىدىغان تۈرلەردە قەرەلىدە ئىش باشلانغان. 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە، شىيېشىننىڭ 1 ـ قاراردا يىلىغا 60 مىڭ تونىنلىق كۆپ كرىستاللىق كرېمنىي دىئود تۈرىدىكىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، تۇڭخۇي كانچىلىقىنىڭ پۈتۈن تەرتىپى ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان يېشىل مىس كېنى قۇرۇلۇشىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىككى تۈردە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ؛ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ تۇرپان - قۇمۇل - سەنتاڭخۇ نېفىتلىكىنى چارلاش - ئېچىش قۇرۇلۇشى ۋە ۋېنجىساڭ زاپاس گاز ئامبىرى قۇرۇلۇشى، جىياڭنا يىلىغا 5 مىليون 500 مىڭ تونىنا تۆۋەن دەرىجىلىك كۆمۈرنى دەرىجىگە ئايرىپ، سۈپەتكە ئايرىپ پاكىزلاپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چوڭقۇر پىششىقلاش، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش كەسپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قاتارلىق سەككىز تۈردە توپا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ؛ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ قۇرۇلمىنى تەڭشەش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ نېفىت ئايرىش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، تەڭشەش، تارىم نېفىتلىكىنىڭ تەبىئىي گاز، ئېتان يىغىۋېلىش (ئېلىش) قۇرۇلۇشى قاتارلىق 23 تۈردە ئالدىنقى باسقۇچلۇق رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلۇۋېتىپتۇ؛ 1 ـ ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، كەيسەي بىيو تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 50 مىڭ تونىنا بىيو پېنتادى ئامىن ئىشلەپچىقىرىش، 40 مىڭ تونىنا ئۇزۇن زەنجىرلىك ئىككى ئاساسلىق كىسلاتا ۋە 20 مىڭ تونىنا ئۇزۇن زەنجىرلىك پولىئامىد كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق تۆت تۈردە ئىش باشلاشنى ئالغا سىلجىتىش كۈتۈلۈۋېتىپتۇ.

زاپاس تەييارلاش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى تېز ئالغا سىلجىتىلىۋېتىپتۇ. 20 زاپاس تەييارلاش تۈردە ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەتقىقاتنى دەلىللەش، مۇمكىنچىلىك دوكلاتى تۈزۈش، رەسمىيەت بېجىرىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: بۇ نۇقتىلىق سانائەت تۈرلىرى قۇرۇلۇپ مەھسۇلات كۆزلەمە نىشانغا يەتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كارخانىلارغا پايدا يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، بېجىرىپ تاماملاش ۋاقتىنى يەنىمۇ قىسقارتىش، تاپشۇرىدىغان ماتېرىياللارنى يەنىمۇ ئىخچاملاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاقىل ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پائال قوللاش ئۈچۈن، قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزى كارخانىلار ۋە ئاممىنىڭ «بىر ئىشى»نى ياخشى بېجىرىشنى يۆنىلىش قىلىپ، كۆپ بېجىرىلىدىغان ئىش تۈرلىرى ۋە «كۆپ كۆزنەككە قاترايدىغان» ئىشلارغا قارىتا، «تەرتىپنى ئازايتىش، ۋاقىتنى قىسقارتىش، بىرلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىش، بىرلەشتۈرۈپ بېجىرىش» پرىنسىپى بويىچە، «توردا سېتىۋېلىش شەكلى»دىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، كۆپ تارماقنىڭ كۆپ خىل ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى تۈرلىرىنى كەسىپ سورۇنى بويىچە بىرىكتۈرۈپ، كەسىپ تەرتىپىنى قايتا تۈزۈش ۋە لايىھەنى ئەلالاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئىلتىماس قىلىش ماتېرىياللىرىنى ئىخچاملاپ، ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلىنى بىرىكتۈرۈپ، ئىش بېجىرىش كۆرسەتمىسى تۈزۈپ، «بىر ئىشنى بىر قېتىمدىلا بېجىرىش» بويىچە 50 ئىش تۈرىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. «بىر ئىشنى بىر قېتىمدىلا بېجىرىش» بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى 50 ئىش تۈرىنىڭ مەزمۇنى «مەن دۇكان، تاللا بازىرى ئاچىمەن» «مەن مېۋە - چېۋە دۇكىنى ئاچىمەن» «مەن نىمكەش ئۆي سودىسى قىلىمەن» قاتارلىق ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىش تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇلازىمەت سۈرئىتى تېزلىتىلگەندىن كېيىن، ئىش بېجىرگۈچىلەر «بىر ئىشنى بېجىرىش كۆرسەتمىسى»گە ئاساسەن بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىش تۈرلىرى ھەم ئەھۋاللىرىنى بېكىتىپ، بىر قېتىمدىلا بارلىق ماتېرىياللارنى تاپشۇرىدۇ، سىستېما ئاپتوماتىك پەرقلەندۈرۈپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن تارماق ھەم مۇناسىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قاتلام - دەرىجىسىگە ئەۋەتىپ، بىر قېتىمدىلا تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان بارلىق ئىسپاتلارنى ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئىسپاتلارنى ئازايتىپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

دەي دۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «بىر ئىشنى بىر قېتىمدىلا بېجىرىش» ئىسلاھاتى قاراماي شەھىرىنىڭ بۇ يىللىق مەمۇرىي تەستىق ساھەسى ئىسلاھاتىنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنى. ئىش بېجىرىش قەرەلى، تەرتىپىنى ئىخچاملاش ئاساسىدا، بىر قىسىم كىنىشكا بېجىرىدىغان شەھەر ئاھالىلىرى قاترايدىغان يوللارغا خىزمەتچى خادىملار قاترانقۇزۇلۇپ، ئۇچۇرنى كۆپرەك يوللاش، ئاممىنى ئازراق قاترىتىش تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاممىۋە كارخانىلار ئىسلاھاتنىڭ پايدىسىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، «بىر ئىشنى بىر قېتىمدىلا بېجىرىش» بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە ئېلان قىلىنغان 50 ئىش تۈرىنىڭ بېجىرىلىپ تاماملىنىش ۋاقتى ئىلگىرىكى ئوتتۇرىچە 32 كۈندىن سەككىز كۈنگە قىسقارتىلىپ، 73% ئازايغان؛ تاپشۇرۇلىدىغان ماتېرىيال ئوتتۇرىچە 15 پارچىدىن ئالتە پارچىگە ئىخچاملىنىپ، 62.7% ئازايغان؛ ئەسلىدە كۆپ تارماققا 4.8 قېتىم قاتراش ئىسلاھاتتىن كېيىن پەقەت بىر قېتىم قاتراشقا قىسقارتىلىپ، 79.16% ئازايغان.

«بىر ئىشنى بىر قېتىمدىلا بېجىرىش» ئىسلاھاتى شۇ جايدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ھازىرغىچە، قاراماي شەھىرىدىكى 5205 كارخانىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈچ تۈرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى مەخسۇس ھەرىكىتى («كونا ئۈچ تۈر» دەپ ئاتىلىدۇ)نى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسىنى تەپتىش قىلىش فۇنكسىيەسىنى پائال ئادا قىلىپ، بەلگىلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى. نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلىدىغان «قارلىق تاغ - مۇزلۇقلارنى قوغداش» «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش» ۋە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئاسارىئەتىقىلەرنى قوغداش» ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى مەخسۇس ھەرىكىتى «يېڭى ئۈچ تۈر» دەپ ئاتالدى.

جىن لىمىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «قارلىق تاغ - مۇزلۇقلارنى قوغداش» تەپتىش ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى مەخسۇس ھەرىكىتىدە، تەپتىش ئورگانلىرى قارلىق تاغ - مۇزلۇقلارغا تەسىر يەتكۈزىدىغان كۆمۈر، ئېنېرگىيە، سانائەت، كان كارخانىلىرىنىڭ بۇلغىشىنى تۈزەش، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان قالدۇق كانلارنى تۈزەش، شۇنداقلا قاتناش - ترانسپورتتا ئاپتوموبىللارنىڭ كېرەكسىز گازنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ قويۇۋېتىشىنى تۈزەشكە نۇقتىلىق دىققەت قىلىدۇ؛ تاغلىق رايونلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش، يېتىشتۈرۈش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىش، قارلىق تاغ - مۇزلۇقلار ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىڭ قارلىق تاغ - مۇزلارنىڭ ئېرىشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئازايتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، تاغلىق رايونلاردا بەلگىلىمىگە خىلاپ بوز يەر ئېچىش، دەل - دەرەخلەرنى كېسىش، زىيادە تېرىقچىلىق قىلىش، زىيادە مال بېقىش، تاغ ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى يىغىش - كولاش قاتارلىقلارنى مەخسۇس تۈزەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قارلىق تاغ - مۇزلۇقلار ئەتراپىدا ساياھەت يول ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قىلىش قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىدۇ.

«ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش» تەپتىش ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى مەخسۇس ھەرىكىتىدە، تەپتىش ئورگانلىرى يېزا ئىگىلىكى - يېزا، ئورمانچىلىق - ئوتلاق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، بازار نازارەتچىلىكى قاتارلىق مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن بولغان ئالاقە، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ھەمكارلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، دېلو يىپ ئۇچىنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خىزمەت ۋە دېلو بېجىرىش ئەھۋالىنى قەرەللىك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى ئورتاق قوغداپ، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

«مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئاسارىئەتىقىلەرنى قوغداش» تەپتىش ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى مەخسۇس ھەرىكىتىدە، تەپتىش ئورگانلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جايلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە تەۋەلىكىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئاسارىئەتىقىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ سانى، دەرىجىسى ھەم ھازىرقى قوغدىلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، ساقلانغان مەسىلە ۋە يوشۇرۇن خەۋپلەرنى تۈرمۇتۈر رەتلەپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئاسارىئەتىقىلەرنى قوغداشقا چېتىلىدىغان ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى دېلولىرىنى قانۇن بويىچە بېجىرىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئەھۋالىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرىدۇ.